# ئەسلى مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ بۇرچنى زىممىگە ئېلىش كۈچنى مۇجەسسەملەپ يېڭى سەھىپە يېزىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەنى پۇختا ئىگىلەپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيەنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە ئىزچىللاشتۇردى. مەركەزلىك ئۆگىنىش ۋە كۈندىلىك ئۆگىنىشنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، مۇھاكىمە قىلىش، پىكىر ئالماشتۇرۇشنى پۇختا قانات يايدۇردى. بۆلۈم رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىنىڭ 15 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشى، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى يىغىنىدا ۋە ئىچكى موڭغۇلدا تەكشۈرۈشتە بولغاندا ھەم «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلغاندا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، پارتىيە تارىخى ۋە يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ئۆگىنىش قاتارلىقلارنى چۆرىدەپ، مەخسۇس تېمىلىق مۇھاكىمىنى تۆت قېتىم قانات يايدۇردى. ئۆگىنىش ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ئىدىيەۋى تونۇشنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىش ئۈچۈن پۇختا ئىدىيەۋى ئاساس سالدى.

مەسىلىنى دەل تېپىش، ئەمەلىي تېپىش مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى ياخشى ئېچىشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى. باش تېما تەربىيەسىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭى رەھبەرلىك بەنزىسى كەڭ دائىرىدە پىكىر ئېلىپ، مەسىلىنى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ كۆزەتتى ھەم سىستېمىلىق رەتلەپ چىقتى. «بەنگۇڭتىڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ‹تۆتكە سېلىشتۇرۇش› ‹تۆتنى تېپىش› توغرىسىدىكى تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ‹ئۈچكە مۇلازىمەت قىلىش، ئۈچكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش› خىزمەت تەلىپى بويىچە، سىياسىي قۇرۇلۇش، ئىدىيەۋى قۇرۇلۇش، ئىستىل قۇرۇلۇشى، خىزمەت ئۈنۈمدارلىقى، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق بەش جەھەتتىن چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، مەسىلىنى دەل تېپىش، ئەمەلىي تەكشۈرۈش، مەنبەنى تولۇق تەھلىل قىلىشنى ھەققىي ئىشقا ئاشۇردى.» ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، باش تېما تەربىيەسى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى لى شۈخۇي مۇنداق دېدى: «تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىلغان مەسىلىلەرگە قارىتا، بىز بىرمۇبىر سېلىشتۇرۇپ، قاراتمىلىققا ۋە مەشغۇلاتچانلىققا ئىگە تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى بېكىتىپ، تۈزىتىش ۋاقىت چېكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈزىتىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىمىز».

مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدىن بۇرۇن، شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى سىردىشىش، سۆزلىشىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىل يازدى. پارتكوم شۇجىسى بىلەن بەنزە ئەزالىرى، بەنزە ئەزالىرى بىلەن بەنزە ئەزالىرى ئارىسىدا، بەنزە ئەزالىرى بىلەن مەسئۇل تارماقلار، كارخانىلاردىكى مەسئۇل يولداشلار، ئۇلار تۇرۇشلۇق پارتىيە ياچېيكىلىرىدىكى پارتىيە ئەزالىرى ئارىسىدا، دىققەت «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»تىن ئىبارەت بۇ باش تېمىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، بىرگە بىر، يۈزتۇرا سۆھبەتلىشىش شەكلى قوللىنىلىپ، سىردىشىش، سۆزلىشىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلدى. سۆزلىشىش، ئىدىيە ئالماشتۇرۇش، پىكىر ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، يولداشلارغا ياردەم بېرىش، ئىنتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرۈش مەقسىتىگە يېتىلدى.

## ■ پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىش «ئاچچىق تەمى» يېتەرلىك بولۇش

«نەزەرىيە ئۆگىنىش چوڭقۇر ئەمەس، ئۆگىنىشنىڭ پىلانلىقلىقى، سىستېمىلىقلىقى يېتەرلىك ئەمەس، چوڭقۇر ئۆگىنىش، قەلبكە سىڭدۈرۈپ ئۆگىنىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ ئۆگىنىش جەھەتتە بەلگىلىك پەرق بار».

«ئاساسىي مەقسەت ئېڭى تېخى مۇستەھكەم تىكلەنمىدى، ئامما بىلەن يۈزتۇرا سىردىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇش كەمچىل، ئاممىنىڭ ئويلىغىنىنى، غەم ـ ئەندىشىسىنى ئىگىلەش يېتەرلىك ئەمەس».

«ئالغا ئىنتىلىش روھى كەمچىل، خىزمەتنى قەدىر ـ ئەھۋال ئىشلەپ قويۇش بىلەن بولدى قىلىش».

...

دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ئەزالىرى تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قورالىنى قوللىنىپ، ئاكتىپ، ساغلام ئىدىيەۋى كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتىكى چاڭ ـ توزانلارنى تازىلىدى. ئۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلىش، كەمچىلىكنى ئېچىش، ئەيىبنى ئاشكارىلاشتا جۈرئەت قىلىدىغان ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىش ۋە مەسىلىنى ھەققىي كۆرسىتىش، ھەققىي مەسىلىنى كۆرسىتىشتەك ئۆزئارا تەنقىد قىلىش ئارقىلىق، ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئىنتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، كۈچنى مۇجەسسەملەش مەقسىتىگە يەتتى.

«بۇ قېتىمقى مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا كۆپچىلىك ئۆزى ئۆزىدە ئىنقىلاب قىلىش روھىنى تولۇق ئۇرغۇتۇپ، ھەققىي، ئەمەلىي بولۇپ، مەسىلىگە بىۋاستە يۈزلەندى. يىغىندا كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئەجەللىك نۇقتىغا بىۋاستە يۈزلىنىپ پىكىر بەردى، گەرچە كىشىنىڭ يۈزىنى قىزارتسىمۇ، تەرلەتسىمۇ، لېكىن ھەربىر جۈملە سۆزدە غەمخورلۇق ئىپادىلىنىپ، بەنزىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.» ئاپتونوم رايونلۇق جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى مەردان مۇقىيت مۇنداق دېدى: «بىز مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ كېيىنكى باسقۇچلۇق خىزمەتلىرىنى ياخشى تۇتۇشنى نۆۋەتتىكى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ھەققىي قول سېلىپ قىيىنغا تېگىش قىلىپ، قاتتىق تۇتۇپ، قاتتىق ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەققىي، ئەمەلىي ئۆزگەرتىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل، ئىنچىكىلىك بىلەن ياخشى ئىشلەپ، ئاممىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەستايىدىل ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ يېڭى ئارزۇسىنى قاندۇرىمىز».

ئاپتونوم رايونلۇق ئەرزىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لى لىڭخۇي بۇ قېتىمقى مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ «ئاچچىق تەم»گە تولغانلىقىنى ھېس قىلدى. «بىز دىققەتنى ‹ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش›تىن ئىبارەت بۇ باش تېمىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەم قاتتىق تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدۇق، ھەم ئۆز ـ ئۆزىمىزنى چوڭقۇر تەنقىد قىلىپ، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقتۇق، ھەمدە تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىش ـــ تەنقىد قىلىش ـــ ئىتتىپاقلىشىش مەقسىتىگە يەتتۇق.» لى لىڭخۇي مۇنداق دېدى: «كۆپچىلىك بۇ قېتىمقى مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنى بىر قېتىملىق سىياسىي جەھەتتىن بەدەن تەكشۈرتۈش قىلىپ ھەم بۇنى پۇرسەت بىلىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن مەسىلىلەرنى تونۇپ، يۇقىرى ئۆلچەم، قاتتىق تەلەپ، ئەمەلىي تەدبىر بىلەن، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، چوقۇم تۈرلۈك خىزمەتلەرنىڭ يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولىمىز».

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ (شۆيۈەن) مۇدىرى خې پېڭ مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىغا قاتناشقاندىن كېيىن چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولدى. ئۇ مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، يۆنىلىشنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئىنتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، كۈچنى مۇجەسسەملەش مەقسىتىگە يېتەلىشى پۈتۈنلەي پۈتۈن جەريانلىق ئۆگىنىش ـ تەربىيە، پۈتۈن جەريانلىق مەسىلىنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، پۈتۈن جەريانلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، پۈتۈن جەريانلىق تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ پايدىسىدىن بولدى.

## ■ بوشاشماي تۈزىتىشنى قاتتىق تۇتۇش

مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدىن كېيىنكى مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنى ياخشى تۇتۇش باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى مۇستەھكەملەش، ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا تەكشۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر، شۇنداقلا ئۆزئارا تەنقىد قىلغان پىكىرلەرگە ئاساسەن، تۈزىتىش تەدبىرلىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تۈزىتىش ۋاقىت چېكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈزىتىش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈردى ھەم مەخسۇس تۈزەشنى مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىدا تۈزىتىلىدىغان مۇھىم مەزمۇن قاتارىغا كىرگۈزۈپ، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى مائارىپ سىستېمىسىدا «ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش يىلى» پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ «ئون تۈرلۈك تەدبىرى»نى تۈزۈپ، ئالىي مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى پارتىيە تەشكىلاتى «قوش باشلامچى»لىرىنى يېتىشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى تۇتقا قىلىپ، ئالىي مەكتەپلەردىكى ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى مەركەزلىك تەرتىپكە سېلىشنى ئالغا سىلجىتتى. كېيىنكى قەدەمدە مائارىپ خىزمىتى كومىتېتى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى 1 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىدىكى تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپلەرنىڭ 2 ـ تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، دىققەتنى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمىتىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، مەخسۇس تۈزەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ۋە كېڭەيتىپ، تۈزەش خىزمىتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى، تۈزەش تەدبىرلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشى، ئىنچىكە ئەمەلىيلىشىشى، پۇختا ئەمەلىيلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى نۆۋەتتىكى ھالدا ئۈچ تۈرلۈك نۇقتىلىق خىزمەتنى ئىزچىل ياخشى تۇتۇپ، ئۇل ئەسلىھە ساھەسىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىشنى زورايتىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، خەلق تۇرمۇشىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى سەجىل ياخشىلاپ، 7 ـ قېتىملىق مەملىكەتلىك شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ ئۈزلۈكسىز مۇقىم يۈرۈشۈشىنى ساقلاپ، مۇقىملىقنى قوغداش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە كۈچ سەرپ قىلىپ، باش تېما تەربىيەسى نەتىجىلىرىنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە گەۋدىلەندۈردى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا گەۋدىلەندۈردى.

مەخسۇس تېمىلىق دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتى تۈزەش، تۈزىتىشتىكى سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئېلىپ، دېموكراتىك تۇرمۇش يىغىنىنىڭ كېيىنكى باسقۇچتىكى ئىشلىرىنى پۇختا، ياخشى تۇتتى. نازارەت پارتگۇرۇپپىسى بەنزىسىنىڭ ئەزالىرى ئۆز ئىش تەقسىماتىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، 22 ئېغىر نامرات ناھىيەنىڭ يېزا ئىچىدىكى سۇ بىخەتەرلىكى مەسىلىسى، سۇ ئامبىرى بىخەتەرلىكى يوشۇرۇن خەۋپى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە تۈزىتىش قايتما ئىنكاسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىشنى ئەسلى مەقسەت، بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتىكى سىياسىي ۋەزىپە ۋە خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، ئىدىيەۋى مەسىلىلەر بىلەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى بىرلىكتە ھەل قىلىش، يېڭى مەسىلىلەر بىلەن كونا مەسىلىلەرنى بىرلىكتە ھەل قىلىش، خاسلىققا ئىگە مەسىلىلەر بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە مەسىلىلەرنى بىرلىكتە ھەل قىلىشقا ھەققىي تۈرتكە بولۇپ، ئەمەلىي تۈزىتىش نەتىجە ـ ئۈنۈمى بىلەن ھەر مىللەت ئاممىسىنى رازى قىلدى.

# پەن ـ تېخنىكا مىنىسترلىقى بىلەن ئاپتونوم رايونىمىز 2019 ـ يىللىق مىنىسترلىق ـ ئاپتونوم رايون خىزمەت كېڭەشمىسى ئۆتكۈزدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، مىنىسترلىق ـ ئاپتونوم رايون ھەمكارلىقى پۇختا ئالغا سىلجىتىلدى، پەن ـ تېخنىكا مىنىسترلىقى چوڭ پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا بايلىقىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، شىنجاڭنىڭ پەن ـ تېخنىكا تۈرلىرىنى يولغا قويۇشى، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشى، يېڭىلىق يارىتىدىغان ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشى، پەن ـ تېخنىكا ئىستراتېگىيەلىك ئالقىلار ئامبىرى قۇرۇشىنى قوللاپ، ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىپ، مول نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ قېتىم، پەن ـ تېخنىكا مىنىسترلىقى بىلەن ئاپتونوم رايون دىققەتنى «ئۈرۈمچى ـ سانجى ـ شىخەنزە دۆلەت ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا يېتەكچىلىك قىلىش» «شەرقىي ـ غەربىي قىسىم پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىلگەن، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان يېڭى ۋەزىيەت بەرپا قىلىش» «خەلق تۇرمۇشى پەن ـ تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تېزلىتىپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە مۇلازىمەت قىلىشقا تىرەك بولۇش» قاتارلىق قارالمىلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ كېڭەشتى.

ۋاڭ جىگاڭ سۆزىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا مىنىسترلىقىنىڭ خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بۇ قېتىمقى كېڭەشمىدە كېلىشىلگەن ئىش تۈرلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەشكە كۈچەش كېرەك. پەن ـ تېخنىكا مىنىسترلىقى دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىكىدىن، مەملىكەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاش سالمىقىنى زورايتىپ، ئىجادىيەتلىك قوزغىتىش تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنى پائال قوللاپ، ئىجادىيەتلىك قوزغىتىش تەرەققىيات ئىسلاھاتى سىنىقى ۋە ئۈرۈمچى ـ سانجى ـ شىخەنزە دۆلەت ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇلۇشىنى قانات يايدۇرۇشنى قوللاپ، شىنجاڭنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان ئۆلكە ـ رايون قۇرۇش قەدىمىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىدۇ.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ قېتىمقى مىنىسترلىق ـ ئاپتونوم رايون كېڭەشمىسىنى پۇرسەت بىلىپ، ئىجادىيەتلىك قوزغىتىش تەرەققىياتىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش ئىستراتېگىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق تەرەققىياتتا يېڭىلىق يارىتىشقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ماس تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، يېشىل تەرەققىياتقا تىرەك بولۇپ، ئېچىۋېتىش، تەرەققىي قىلىشنى كېڭەيتىپ، تەرەققىياتتىن ئورتاق بەھرىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ كۈچلۈك پەن ـ تېخنىكا تىرەكى بىلەن تەمىنلەش كېرەك. يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى ئىجادىيەتلىك قوزغىتىش تەرەققىيات سىناق رايونى قۇرۇلۇشىنى چۆرىدەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈش؛ يېڭىلىق يارىتىشچان شىنجاڭ قۇرۇشنى چۆرىدەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يېڭى ئېگىزلىكىنى بەرپا قىلىش؛ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى پەن ـ تېخنىكا ھەمكارلىقىنى چۆرىدەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يېڭى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش؛ بىڭتۇەننىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش تەرەققىياتىنى چۆرىدەپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يېڭى ئەمەلىي كۈچىنى كۈچەيتىپ، مىنىسترلىق ـ ئاپتونوم رايون خىزمەت كېڭەشمىسىدە كېلىشىلگەن تۈرلۈك خىزمەتلەرنى يەنىمۇ پۇختا ئىشلەپ، ئىنچىكە ئىشلەپ، ئەتراپلىق ئىشلەپ، نەتىجە ـ ئۈنۈم ھاسىل قىلىش كېرەك.

پەن ـ تېخنىكا مىنىسترلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىسترى شۈ نەنپىڭ پەن ـ تېخنىكا مىنىسترلىقىنىڭ بۇ قېتىم كېلىشىلگەن ئىش تۈرلىرىگە ئالاقىدار پىكىرلىرى توغرىسىدا چۈشەنچە بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون ۋە بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن مەڭلىك سىيت، لۇ شۈپىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئالدىنقى نۆۋەتلىك مىنىسترلىق ـ ئاپتونوم رايون كېڭەشمىسى خىزمىتىنىڭ ئىلگىرى سۈرۈلۈش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى ھەم بۇ قېتىم كېلىشىلگەن ئىش تۈرلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا چۈشەنچە بەردى.

# ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، مەغرۇرلۇقتىن، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن ئۇنى مۇستەھكەملەپ يۈكسەلدۈرۈشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، مەغرۇرلۇقتىن، ئالدىراقسانلىقتىن ساقلىنىپ، تەدبىرنى دەل جايىدا يولغا قويۇپ، مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەرەلىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

لى پېڭشىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ئۇلۇغچات ناھىيەسىدىكى توپا نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش نۇقتىسى، قىزىلتۈي يېزىسى كەڭشۇەر كەنتى، غانجۇغان كەنتى بەيشىڭ ئېكولوگىيە باغچىسى، ئاتۇش سانائەت باغچە رايونى ئېلېكترونلۇق كەسپلەر ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسى، كىچىك، ئۇششاق (كىيىم ـ كېچەك، زىبۇ ـ زىننەت) كەسپلەر باغچىسى، ئاتۇش شەھەرلىك دېھقان ـ چارۋىچىلار پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيەلەش بازىسى، ئاقتۇ ناھىيەسى كۆنلۈن جىيايۈەن، بارىن يېزىسى قورغان كەنتى، پىلال يېزىسى يېيىلغان كەنتى، كوناشەھەر ناھىيەسى سايباغ يېزىسىنىڭ قولچى كەنتى، بۇلاقسۇ يېزىسى يۇقارقى لەڭگەر كەنتى، پەيزاۋات ناھىيەسى سانائەت باغچە رايونى، جامباز يېزىسى قاراقاش كەنتى، يوپۇرغا ناھىيەلىك «ئۈچ مېۋە، بىر گۈل» يۇقىرى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكى ئۈلگە كۆرسىتىش باغچىسى، يوپۇرغا ناھىيەلىك جىنلىياڭ ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ زاۋدۇ زامانىۋى يېزا ئىگىلىك پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ چىلان زاكاز مال ھېساب ئۆزۈش ئامبىرى، مەكىت ناھىيەسى قۇمقۇسار يېزىسى ئانگۇس گۆش كالىسى يېتىشتۈرۈش بازىسى قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، باشقا جايغا كۆچۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش، نامرات ئاممىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، خاس تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكى، دېھقان ـ چارۋىچىلارنى تېخنىكا ـ ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش، ساياھەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

لى پېڭشىن مۇنداق تەكىتلىدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ مۈشكۈللۈكىنى تولۇق تونۇپ، يېتەرسىزلىكلەرنى ئىنچىكە رەتلەپ، نۆۋەتتىكى گەۋدىلىك كەمتۈكلۈكلەرنى سەۋرچانلىق بىلەن تەھلىل قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش مېخانىزمىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەۋپ ـ خەتەردىن مۇداپىئەلىنىش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەغرۇرلۇق، قانائەتچانلىق ۋە بوشاڭلىق، بىخۇدلۇق ئىدىيەسىنى قەتئىي يېڭىپ، ئىرادىنى ساقلاپ، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ئاساسىي مەقسىتىنى كۈچەپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، مەسئۇلىيەت ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئېسىل ئىستىلنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، باشتىن ـ ئاخىر ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، قەتئىي، كەسكىن ھالدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى مۇھىم سىياسىي مەسئۇلىيەت بىلىپ جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: دىققەتنى «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»كە مەركەزلەشتۈرۈپ، «يەتتە بىر تۈركۈم»، «ئۈچتە سالماقنى زورايتىش»نى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنى باش ئورۇنغا قويۇپ، دەل جايىدا بولۇشتا دىققەتنى يەنىمۇ مەركەزلەشتۈرۈپ، يەنىمۇ كۈچەپ، «ساختا شەكىلدىكى» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، «ھېسابات شەكلىدىكى» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، «كۆرسەتكۈچ شەكلىدىكى» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، «تۇراقسىز شەكلىدىكى» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، ھەققىي نامراتلارنى قۇتۇلدۇرۇش، نامراتلىقتىن ھەققىي قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: نامرات دېھقانلارنى يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق ئەنئەنىۋى كەسپلەرگە تايىنىپ مۇقىم نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئېلېكترونلۇق مەھسۇلاتلارنى قۇراشتۇرۇش، توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك، يېزا ـ كەنت ساياھىتى قاتارلىق 2 ـ، 3 ـ كەسپلەرگە تايىنىپ بېيىتىپ ھاللىق سەۋىيەگە يەتكۈزۈش كېرەك. ئامما قەيەرگە كۆچسە، كەسىپلەرنى شۇ جايدا راۋاجلاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلىنىدىغان نامرات ئاممىنىڭ كۆچۈپ چىقالايدىغان بولۇشى، مۇقىم تۇرالايدىغان بولۇشى، قىلىدىغان ئىشى بولۇشى، بېيىيالايدىغان بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. «يېزا ئىگىلىكى + سۇغۇرتا + زاكاز مال» قاتارلىق ئەندىزىلەر ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، پۇل مۇئامىلە قورالىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، تولۇق پايدىلىنىپ، پۇل مۇئامىلىنىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ـ سېتىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەتنىڭ سۇپا ھازىرلاپ بېرىشىنى كېڭەيتىپ، كارخانا ۋە ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرىنىڭ يېزا ـ كەنتلەرگە بېرىپ، تۆۋەن چەككە كاپالەتلىك قىلىپ سېتىۋېلىش، مەركەزلەشتۈرۈپ تەقسىملەش، نىشانلىق بىۋاستە تەمىنلەش چارىسىنى قانات يايدۇرۇپ، ھويلا ـ ئاران ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، دېھقانلارنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى ۋە بەخت تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھازىر شەھەرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئىشخانىسى، شەھەرلىك پىدائىيلار مۇلازىمىتى جەمئىيىتى، مەھەللە پىدائىيلار مۇلازىمەت پونكىتى، ھەرقايسى ساھە، ئورۇنلارنىڭ پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى، جەمئىيەت پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان باشقۇرۇشى قېلىپلاشقان، ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى مۇۋاپىق، مۇلازىمىتى مۇكەممەل بولغان تەشكىلىي سىستېما شەكىللەندى. ھازىر، پۈتۈن شەھەر بويىچە تىزىملانغان پىدائىي 62 مىڭغا يېتىپ، دائىملىق نوپۇسنىڭ 12%ىنى ئىگىلىدى.

بۇ يىل 6 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، دۆلەت پىسخىكا ساغلاملىقى مەسلىھەتچىسى، كورلا شەھەرلىك «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» ئىشخانىسى پىدائىيلىرىدىن تەركىب تاپقان كورلا «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» پىسخىكا ساغلاملىقى پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى قۇرۇلدى، بۇ كورلا شەھرى پىدائىيلار مۇلازىمىتى خىزمىتىنىڭ كەسپلىشىشكە قاراپ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ بىر بەلگىسى.

«ئىلگىرى پىدائىيلار مۇلازىمىتى تىلغا ئېلىنسا، بۇ ‹كونا ئۈچ تۈر›: تازىلىق قىلىش، خالىس چاچ ياساش، ياشانغانلارغا كۆيۈنۈش ئىدى. دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، پىدائىيلار مۇلازىمىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە سۈپىتىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆستى.» ياڭ شياۋجۈەن مۇنداق دېدى: شەھەرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئىشخانىسى ئىچكىرى رايونلارغا بېرىپ كۆزدىن كەچۈرۈشكە تەشكىللەش، پىدائىيلار مۇلازىمىتى مۇسابىقىسىنى قانات يايدۇرۇش، پىدائىيلار مۇلازىمىتى بويىچە تەربىيەلەش قاتارلىق كۆپ خىل شەكىللەر ئارقىلىق پىدائىيلار مۇلازىمىتىنىڭ كەسپلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈردى. پىسخىكا ساغلاملىقى، قانۇن مۇلازىمىتى، داۋالاش ـ سەھىيە، مەھەللە مۇلازىمىتى قاتارلىق كەسپىي ئالاھىدىلىككە ئىگە نۇرغۇن پىدائىيلار مۇلازىمىتى خىزمىتى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىغا ئىنكاس قايتۇردى.

«قىز باللارنى قوغداش»قا ئوخشاش پىدائىيلار مۇلازىمىتىنى تۈرلەشتۈرۈپ يۈرۈشتۈرۈش كورلا شەھرىنىڭ پىدائىيلار مۇلازىمىتى خىزمىتىنى دائىملاشتۇرۇش، ئۇزاق ئۈنۈملۈكلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ بىر مۇھىم يولى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قەتئىي بوشاشماي تۈر يېتىلدۈرۈش ۋە كىرگۈزۈش ئارقىلىق، پۈتۈن شەھەر بويىچە دائىملاشتۇرۇلۇپ يۈرۈشتۈرۈلگەن پىدائىيلار مۇلازىمەت تۈرى 40تىن ئېشىپ، قاراتمىلىقى ۋە مۇلازىمەتچانلىقى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئەمالارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان «سىز مېنىڭ كۆزۈم ـــ قەلب كۆزى كىنوخانىسى پىدائىيلار مۇلازىمەت تۈرى»، ياشلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن «دىراما ھېكايىسى ـــ كىشىلىك ھايات تەسۋىرى پىدائىيلار مۇلازىمەت تۈرى» قاتارلىق مۇنەۋۋەر تۈرلەر يەنە پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك مۇسابىقىلەردە كاتتا مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى.

تەشكىللىك بولۇش، كەسپلىشىش، تۈرلىشىش سەۋىيەسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشى پىدائىيلار مۇلازىمىتىنى كورلا شەھرى ئاھالىلىرى تۇرمۇشىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭدۈرۈپلا قالماي، يەنە پىدائىيلار مۇلازىمىتىنىڭ مەزمۇنى ۋە شەكلىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى ۋە بەخت تۇيغۇسىنى ئاشۇردى، بۇ كورلىنىڭ مەدەنىي شەھەر ۋۇجۇدىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرغۇسى.